
بيلقچي بلەن
ئالتۇن بيلق
ھەققدە چوچەك

# بيلقچي بلەن
# ئالتۇن بيلق
# ھەققدە چوچەك



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىن - 1957



بىر زاماندا كوك دېڭىزنىڭ ياقىسىدا،
ئۆزلىرىنىڭ پانا تاپقان كەپىسىدە
ياشايدىكەن قېرى بوۋاي موماي بىلەن،
بۇ، تۇرمۇشقا ئوتتۇز ئۈچ ژىل بولاي دېگەن.
ئۇرچۇغىدا ژىپ ئىگىرسە ئۆيدە موماي.
بېلىق ئوۋى قىلىدىكەن كۈندە بوۋاي.
بىر كۈن بوۋاي ئۆز تورىنى ساپتۇسىغا،
ئەخلەت - چۆۋا ئىلىنىپتۇ سالغان تورغا.
قايتا ساپتۇ ئۇ، تورىنى زور ئۈمىتتە،
سېسىق لاۋا ئىلىنىپتۇ ئاندىن بەتتەر.
سالغان ئىكەن ئۇ، تورىنى ئۈچىنچى رەت،
ئىلىنىپتۇ بىر تال بېلىق ئەمما ھەيۋەت،
ئاناق - مۇنداق بېلىق ئەمەس، ئالتۇن بېلىق.

يالۋۇرۇپتۇ شۇندا بېلىق تىلغا كىرىپ:
«رەھىم قىلىپ قويۇۋەتسەڭ بوۋاي مېنى ،
مىرادىڭغا يەتكۇزەتتىم مەنمۇ سېنى،
نېمە خالىساڭ بېرەر ئىدىم ساڭا شۇنى».
ھودۇقۇپتۇ بۇ ئەھۋالنى كورۇپ بوۋاي،
كالۋالىشىپ تىللىرىمۇ سوز قىلالماي.
قىلىسىمۇ ئۇ، بېلىقچىلىق ئوتتۇز ئۇچ ژىل ،
ئاڭلىمىغان پۇتۇلگەننى بېلىققا تىل.
بۇ بېلىقنى بوۋاي سۇغا قويۇپ بېرىپ،
بىر ـ ئىككى ئېغىز سوز قىلىپتۇ كوڭلى ئېرىپ:
«ھېچبىر نەرسەڭ كېرەك ئەمەس سېنىڭ ماڭا ،
كوك دېڭىزدە ئەركىن ئۇزۇپ ئوينا يانا».
بېلىقچىغا رەخمەت ئېيتىپ ئالتۇن بېلىق.
خوشال بوپتۇ ماكانىغا يېنىپ بېرىپ.





ھەيران بولۇپ بوۋاي ئاستا ئۆيگە كەپتۇ،
بۇ ۋەقەنى مومىيغا بايان قىپتۇ:
«بىر ئاجايىپ بېلىق تۇتقان ئىدىم موماي،
باشقا ئەمەس، ئالتۇن بېلىق ئىكەن ئايھاي.
تىۋۋا! — دەيمەن، يالۋۇردى ئۇ، زىبان پۈتۈپ،
ئۆز ئەركىگە مەندىن تازا ئۈمىت كۈتۈپ.
«قىلىپ ناله» ئازات قىلغىن مېنى — دېدى،
خالىغانچە رازىم قىلاي سېنى — دېدى.
رەھىم كېلىپ قويۇپ بەردىم كۆك دېڭىزگە،
سورىمىدىم ھېچنەرسىنى ئۆزىمىزگە.
شۇندا موماي بوۋايىنى بەك جىملەپتۇ،
ئېقىلسىز سەن، ھاڭۋاقتى ھەم سارڭ دەپتۇ.
شۇنىڭدىنمۇ ئەپلەپ نەرسە ئالالماپسەن،
ھېچ بولمىسا، بىرەر تەڭنە سورالماپسەن.
ئىسكىلىغۇ تەڭلىمىزنىڭ چاك كەتكىنى،
تەڭنە بەرسۇن ۋەدىسىگە تۇرسا قېنى».

كەپتۇ بوۋاي كۆك دېڭىزگە ئويلا - ئويلاپ،
دولقۇنلىنار ئىدى دېڭىز قىرغاق يالاپ.
قىچقىرىپتۇ بېلىقنى ئۇ، دەرگۇمانىدا،
ئالتۇن بېلىق چىقىپ كەپتۇ دەل شۇ ئاندا:
«سورا بوۋاي تارتىنماستىن» — دەپتۇ بېلىق.
دەپتۇ بوۋاي خىجىل بولۇپ، تازىم قىلىپ:
— ئەي شاھ بېلىق رەھىم قىلغىن، كەلدىم ساڭا،
موماي قۇرغۇر ئازاپ سالدى بۈگۈن ماڭا.
بىرەر يېڭى تەڭنە ئۇڭا كېرەك ئىكەن،
راستىن بىزنىڭ تەڭنىمىزمۇ يېرىق ئىكەن.
«قايغۇرمىغىن — دەپتۇ بېلىق — يانغىن بوۋا،
ئۆيۈڭلەردە يېڭى تەڭنە بوپمۇ قالار».





ھېرىپ - ئېچىپ بوۋاي ئاستا ئۆيگە كەپتۇ.
ئۆيىدە بىر يېڭى تەڭنە پەيدا بوپتۇ.
بىراق موماي يەنە قاغاپ بەرمەي ئارام:
«ھەي ئاخماقەي، ھەي ئالجىغان دىتسىز سارالڭ،
شۇ تەڭنىمۇ سورىغىنىڭ بېرىپ ئاران؟!
بېرىپ چاپسان تازىم قىلىپ ئۇ بېلىققا،
تۈزۈككىنە ئۆي سورىغىن ھېچ بولمىسا».

كوك دېڭىزگە يەنە بوۋاي بارغان ئىكەن،
دېڭىز سۇيى چايقىلىپ تۇرغان ئىكەن.
قىچقىرىپتۇ ئۇ بېلىقنى بوۋاي يەنە،
شۇئان بېلىق پەيدا بوپتۇ سۇيۈزىدە.
«سورا بوۋاي نىمە كېرەك يەنە ساڭا؟»
بوۋاي دەپتۇ تازىم بىلەن قاراپ ئاڭا:
«رەھىم قىلغىن ئەي شاھ بېلىق ئۆزەڭ ماڭا،
موماي ئاخماق بۇ بېشىمغا سالدى غوۋغا.
ئارام بەرمەي قويدى ماڭا قېرىغاندا،
بىر ياخشىراق ئۆي سورايدۇ كەلدىم ساڭا.
قايغۇرمىغىن — دەپتۇ بېلىق بار—ئۆيۈڭگە،
يېڭى ئۆيمۇ بولۇپ قالار مومىيىڭغا».





بوۋاي ئاستا ئۆز ئۆيىگە يېنىپ كەپتۇ،
بىراق بۇندا كەپىدىن ھېچ ئىز قالماپتۇ.
كەپە ئورنىدا پەيدا بوپتۇ ھەيۋەت بىنا،
نەقىشلىرى گوزەل ئىكەن خويمىغىنا.
دۈپ ياغاچلىق دەرۋازىسى زەپ ياراشقان،
ئۆيىنىڭ ئىچى جاھازغىمۇ خېلى توشقان.
ئۆي ئالدىدا ئولتۇرغىدەك موماي قاراپ،
كورۇش بىلەن بوۋاينى ئۇ، كەتتى قاغاپ:
«ھەيجىن ئالغۇر، قېرى قاقۋاش، ئەقىلسىز سەن.
بېرىپ مۇشۇ بىر ئۆيىنى سوراپ كەپسەن.
ئەمدى زادى ئاددىي خوتۇن بولالمايمەن،
ئېسىل زادە ئايىملىقنى مەن خالايمەن».

يەنە بوۋاي كوك دېڭىزگە بارغان ئىكەن،
دېڭىز سۇيى كوۋۇكلىشىپ تۇرغان ئىكەن.
قىچقىرىپتۇ سۇغا قاراپ بوۋاي يەنە،
ئالتۇن بېلىق پەيدا بوپتۇ شۇ ئاندىلا.
«سورا بوۋاي نىمە كېرەك يەنە ساڭا؟»
بوۋاي دەپتۇ تازىم بىلەن قاراپ ئاڭا:
«رەھىم قىلغىن ئەي شاھ بېلىق ئارتتى دەردىم،
ۋالاقتەككۇر ئاچكوز موماي ئاشتى ھەددىدىن.
سالدى جاپا بولدى ئەمدى كۇنۇم قىيىن.
ئاددىي خوتۇن بولماسمىش ئۇ، بۇندىن كېيىن.
خالارمىش ئۇ، خان ئايىملىق مەرتىۋىنى».
ئالتۇن بېلىق ماقۇل كورۇپ تەلىۋىنى:
«بوپتۇ — دەپتۇ — كېتىۋەرگىن ئوز يولۇڭغا،
دېگىنىنى بېرەي يەنە خوتۇنۇڭغا».





بوۋاي ئاستا ئۆز ئۆيىگە كېلىدىكەن،
ھېچ بىلەلمەي ئەجەپلىنىپ قالىدىكەن؛
ھەيران بوپتۇ ھەيۋەت ئۆيىنى كۆرۈپ بوۋاي،
ئۆز كۆزىدە خوتۇنىنى ھېچ تونالماي.
تۇرغىدەك ئۇ بەك ھەيۋەتلىك بىر ئايۋاندا،
كىيگەنلىرى باشتىن-ئاياق تۇۋا-دۇردۇن،
ياقۇت بىلەن باش كىيىمى بېزىلىپتۇ،
بويىندا مەرۋايىتلار نەچچە قۇردۇن.
قوللىرىدا كۆزنى چاقار ئالتۇن ئۈزۈك،
پۇتلىرىدا غىچىرلىغان كالۋۇتۇن ئۆتۈك.
باشنى ئېگىپ خىزمەتچىلەر تۇرۇدىكەن؛
گەر خالىسا موماي ئۇنى ئۇرۇدىكەن.
«سالام! — دەپتۇ كېلىپ بوۋاي قىلىپ تازىم،
تولدىمىكىن ئەمدى كۆڭلۈك خېنىم ئايىم؟»
دەرغەزەپتە موماي شۇئان ۋاقىراپتۇ،
ھەم بوۋاينى ئات ئېغىلىغا ھايداپ ساپتۇ.

قاتارلىشىپ ئۇتۇپ كېتىپ ھەپتە ۋە ئاي،
يەنە ھەددىدىن ئېشىپتۇ ئۇ ئاچكوز موماي.
بوۋاينى ئۇ قىچقارغۇزۇپ ئەكەلدۈرۈپ:
«ئېيتقىن — دەپتۇ — شاھ بىلىققا دەررو بېرىپ.
خالىمايمەن ئايىملىقتا كوپ تۇرۇشنى،
كوڭلۇم تارتتى سەلتەنەتلىك شاھ بولۇشنى».
بوۋاي ھەيران قىلىپ بۇڭا مۇنداق دەپتۇ:
«نىمە بولدۇڭ، ئاينىدىڭمۇ قانداق گەپ بۇ؟
ژۇرۇش-تۇرۇش، سوز لەشىنمۇ ھېچ بىلمەيسەن،
پادىشالىق قىلىش شۇنداق ئوڭاي دەمسەن؟»
موماي شۇندا بوۋىينى كاچاتلاپتۇ،
پۇتۇن ئوينى باشقا كىيىپ ۋالاقلاپتۇ:
«ھەي رودىپاي سەن ماڭا سوز ياندۇرامسەن،
مېنىڭدەك بىر خانزادىنى سەل چاغلامسەن؟
ھازىر ماڭغىن ياخشىلىقچە دېڭىزگە سەن.
ئۇنىمىساڭ ماڭغۇزۇۋەن كوچۇم بىلەن».



نائىلاج: خەير — دەپتۇ؛ بوۋايدا غەم،
كەلسە دېڭىز سۈيى ئاپتۇ قاپقارارەك.
قىچقىرىپتۇ شۇندىمۇ ئۇ، شاھ بېلىقنى
بېلىق چىقىپ دەپتۇ: «بوۋاي سوزلە قېنى.
يەنە قانداق ھاجىتىڭ بار سوراپ كورگىن»
دەپتۇ بوۋاي: «ئەي شاھ بېلىق رەھىم قىلغىن،
ياۋۇز موماي بۇ ھالىمنى قويمىدى ھېچ.
ئەمدى ئۇڭا كىچىك كەپتۇ خانزادىلىق،
ئەمدى ئۇنىڭ مۇددىاسى پادىشالىق».
ئالتۇن بېلىق جاۋابىدا ماقۇل كورۇپ:
«قايغۇرمىغىن كورگىن بوۋاي ئويگە بېرىپ،
كورۇپ باقسۇن مومىيىڭمۇ شاھلىق قىلىپ».



ھەيران قاپتۇ كېلىپ ئۇيگە شۇندا بوۋاي،
تۇرغىدەكمىش كوز ئالدىدا بىر شاھ ساراي.
ئولتۇرغىدەك بۇ سارايدا موماي ھەيۋەت،
بولۇپ قاپتۇ مۇجەزىمۇ ئۇنىڭ بولەك.
ئاق سوڭەكلەر، بەگزادىلار قىلىپ خىزمەت،
كەلتۇرۇلگەن ئالدىغا ھەرخىل نازۇ-نېمەت.
چورىسىدە تۇرۇدىكەن كوپ ساقچىلار،
تۇتۇۋېلىپ قوللىرىغا ئاي پالتىلار،
بۇ ئەھۋالنى بوۋاي كورۇپ قورقۇپ كېتىپ،
خوتۇنىغا تازىم قىپتۇ باشنى ئېگىپ.
«قۇتلۇق بولسۇن خان ئاغچام شاھلىغىڭىز !
ئەمدى تولۇق بولدىمىكىن خالىغىنىڭىز».





ھېچ ئالماپتۇ نەزىرىگە موماي ئۇنى،
ساقچىلارغا بۇيرۇپتۇ ئۇ: «قوغلا بۇنى!»
بەگزادىلار ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ،
بۇ دەرگاھتىن قوغلاپ ساپتۇ ئۇنى ئۇرۇپ.
باسالماستىن جىسەكچىلەر غەزىۋىنى،
تاسلا قاپتۇ چېپىۋېتىشقا ئۇ بىچارىنى.
زاڭلىق ئارىلاش دەپتۇ خەلەر بۇ بوۋايغا:
«شۇنداق قىلىش لازىم ئىدى ئەمدى ساڭا،
لايىق ئىدى شۇنداق جازا، شۇنداق ساۋاق،
ئۇزاتمىدىڭ پۇتۇڭنى سەن يوتقانىغا قاراپ».
كۆنلەر قوغلاپ بىر-بىرىنى ئوتۇپتۇ ئاي،
بەكمو ھەددىدىن ئېشىپتۇ ئۇ ئاچكوز موماي.
ئاخىرىدا بوۋاينى ئۇ، ئىستىتىپتۇ،
ساقچىلارمۇ ھايال قىلماي كەلتۇرۇپتۇ.
بۇيرۇق قىپتۇ موماي يەنە ئۇنى كورۇپ:

«شاھ بىلىققا ئېيتقىن شۇنى ھازىر بېرىپ.
ئەمدى مېنىڭ بۇ شاھلىقتىن تاۋىم ياندى،
دېڭىزگىمۇ پادىشالىق قىلغۇم كەلدى.
ئوكيان ـ دېڭىز بولسۇن مېنىڭ ھوقۇقىمدا،
ئالتۇن بېلىق بولسۇن مېنىڭ بۇيرۇغىمدا.
چاكار بولۇپ خىزمەت قىلسۇن ئوز ئالدىمدا».

ھەددىمۇ ئۇ—قانداق قىلسۇن بۇ بىچارە
كونەسكە ئەمدى تاپالمىدى ھېچبىر چارە.
ئامالى يوق، كوك دېڭىزگە بوپتۇ راۋان،
بارسا ئۇندا ئەۋج ئاپتۇ قارا بوران،
دولقۇنلىرى غەزەپ بىلەن گۇكىرەپتۇ،
ئاللىقانداق چىقىراپ ھەم ھوكىرەپتۇ.
قىچقىرىپتۇ بوۋاي يەنە شاھ بېلىقنى
بېلىق چىقىپ دەپتۇ: «بوۋاي سوزلە قېنى.



ئېيتقىن يەنە نىمە كېرەك ئەمدى ساڭا؟»
— رەھىم قىلغىن — دەپتۇ بوۋاي — يەنە ماڭا.
بۇ موماي ئىنساپتىن ھېچ ئىزقالمىدى،
خالىمايمەن شاھلىقنى — دەپ غوغا سالدى.
ئۇ خالارمىش دېڭىزلەرگە بولۇشنى خان،
بارچە دېڭىز بولسۇن — دەيدۇ — ماڭا ماكان.
ئالتۇن بېلىق بولسۇن دەيدۇ بۇيرۇغۇمدا،
چاكار بولسۇن، دەيدۇ سېنى، ھۇزۇرۇمدا».
ئالتۇن بېلىق قايتۇرماستىن ھېچبىر جاۋاپ،
قۇيرۇغىدا بىرلا ئۇرۇپ سۇنى چايقاپ،
راۋان بوپتۇ بىرلا سۇڭگۇپ سۇ تېگىگە،
قايتا يېنىپ ھېچ چىقماپتۇ ئۇ، سۇ يۈزىگە.
تىنجىقاپتۇ ئاۋالقىدەك دېڭىز شۇئان.
ھېچ بىلەلمەي بوۋاي قاپتۇ بولۇپ ھەيران.
ئۇزاق كۈتۈپ ئالالماپتۇ ھېچبىر جاۋاپ،
ئاخىر بولماي قايتىپتۇ ئۇ، ئۆيگە قاراپ.
بوۋاي ئاستا مېڭىپ يېنىپ ئارقىسىغا،
كېلىپ قاپتۇ بىر چاغدىكى كەپىسىگە.
ئولتۇرغىدەك موماي غەمكىن بوسۇغىدا.
تۇرغىدەكمىش سۇنۇق تەڭنە بىر يېقىدا.



بۇ كىتاپ سوۋېت ئۈنتىپاقى باللار نەشرىياتى
تەرىپىدىن 1950 - يىلى مارتتا نەشر قىلىنغان رۇسچە
نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.

本書根据苏联儿童出版社1950年3月所出之俄文版本譯出


書號：1158(4)248

漁夫和金魚的故事

（維吾尔文）

〔苏联〕阿・塞・普希金著　Б・德黑奇辽夫繪

哈克木木沙文字編輯

熱西提瓦依提校訂　熱西提瓦依提校对

民族出版社出版　地址：北京國子監特54號

北京市書刊出版業營業許可證出字第047號

中央民族印刷廠排版　天津人民印刷廠印刷

新华書店发行

1957年7月北京第一版

1957年7月北京第一次印刷

864耗×1181耗1/16　印張1¼

印數：1—4,700册　定價：三角三分

統一書号：M10049・維50



كىتاپ نومېرى: 248 (4) 1158

بېلىقچى بىلەن ئالتۇن بېلىق ھەققىدە چۆچەك

ئاۋتورى: ئا. س. پۇشكىن.

رەسسام: ب. دېختېرېۋ

تەرجىمىسىنىڭ مۇھەررىرى: رەشىت ۋاھىدى.

ئەدەبىي مۇھەررىرى: ھاكىم مۇسا.

كوررېكتورى: رەشىت ۋاھىدى.

مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

ئادرېس: بېيجىن گوزىجىن 54 - قورا.

بېيجىن شەھىرلىك ئەخبارات ۋە نەشرىيات باشقارمىسىنىڭ

رۇخسەت قەغىزى نومېرى: نەن - 047.

مەركىزىي مىللەتلەر مەتبەئەسىدە تىزىلدى.

تيەنجىن خەلق مەتبەئەسىدە بېسىلدى.

شىنخۇا كىتاپ ماگازىنى تەرىپىدىن تارقىتىلدى.

1957 - يىلى ئىيۇلدا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم نەشر قىلىندى.

1957 - يىلى ئىيۇلدا بېيجىندە بىرىنچى قېتىم بېسىلدى.

تىراژى: 4700 - 1، باھاسى: 33 پۇڭ.